## 34496 ـ كاپىرلارنىڭ بوغۇزلىغان مىلىنى يېيىش ۋە ئۇلارنىڭ قاچا ـ قۇچىلىرىنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ھۆكمى

### سۇئال

مەن جۇڭگوغا كېلىشتىن بۇرۇن ، كاپىرلار بوغۇزلىغان ، ياكى توغىرىسى ئۇلار ئۆلتۈرگەن ھايۋانلارنى مۇسۇلمانىنىڭ يېيىشىگە بولمايدۇ دەپ ئاڭلىدىم . بىزنىڭ ئۇنىۋىرسىتتا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر كىچىك ئاشخانا بار بولۇپ ، ئۇنىڭدا گۆشلەر تېپىلىدۇ . لېكىن مەن ئۇنىڭ ئىسلامى ئۇسۇلدا بوغۇزلانغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن ۋەئۇنىڭدىن شەكلىنىمەن ، مەلۇمكى ، مىنىڭ ساۋاقداشلىرىم ماگا ئوخشاش شەكلەنمەيدۇ ۋە ئۇنى يەيدۇ . ئۇلار توغرىنى قىلىۋاتامدۇ ياكى ھارامنى يەۋاتامدۇ ؟ ۋە شۇنىڭدەك تاماق قاچىلىرىغا نىسبەتەن ، مۇسۇلمانلارنىڭ قاچىلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ قاچىلىرى ئارىسىدا پەرق يوق . بۇ ئىشلارغا قارىتا مەن نىمە قىلىشىم لازىم ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلاردىن ئىبارەت ساماۋى كىتاپ كىشىلىرىدىن باشقا كاپىرلارنىڭ بوغۇزلىغان مىلىنى يېيىشكە بولمايدۇ ، مەيلى ئۇ مەجۇسىي ، ياكى بۇتپەرەس ، ياكى كوممۇنىسىت ياكى باشقا تۈردىكى كاپىرلار بولسۇن . ھەمدە شورپا ۋە باشقا ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان مىلى ئارلاشقان نىمىمۇ ھەم . چۈنكى ئاللاھ بىزگە كىتاپ كىشىلىرىنىڭ تائامىدىن باشقا كاپىرلارنىڭ تائامىنى بىزگە رۇخسەت قىلمىدى : بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر . ئايەت .

ئۇلارنىڭ تائامى بولسا : ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان مىلى ، خۇددى ئىبنۇ ئاباس ۋە باشقىلار ئېيتقاندەك .

مىۋە ـ چىۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلىرىغا كەلسەك ، ئۇنىڭدا ھىچنىمە بولمايدۇ . چۈنكى ئۇ ھارام قىلىنغان تائام دائىرسىدە ئەمەس . مۇسۇلمانلارنىڭ تائامى بولسا ئۇ مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلارغا ھالال ، ئەگەر ئۇلار پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان ، ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقىلارغا دۇئا قىلمايدىغان بولسا . مەسىلەن ، پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالار( ئۇلۇغ كىشىلەر) ،قەبرىدىكىلەر ۋە باشقا كاپىرلار ئىبادەت قىلىدىغان نىمىلەر .

قاچا ـ قۇچىلارغا كەلسەك ، مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارنىڭ تائاملىرىغا ، ھاراقلىرىغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئىشلىتىدىغان قاچىلىرىدىن باشقا ئايرىم قاچىلىرى بولۇشى لازىم . ئەگەر ئۇلار تاپالمىسا ، مۇسۇلمان ئاشپەزلەر كاپىرلار ئىشلىتىدىغان قاچىلارنى يۇيىۋىتىپ ئاندىن مۇسۇلمانارنىڭ تائامىنى ئۇنىڭغا قويۇشى كىرەك ؛ ئىككى سەھىيھتە ئىسپاتلاندىكى ، ئەبۇ سەئلەبە خەشەنىيدىن نەقىل قىلىندىكى ، ئۇ پەيغەمبەردىن( ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇشرىكلارنىڭ قاچىلىرىدا تائام يېيىش ھەققىدە سورىغان ، پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئۇنىڭغا : ئۇنىڭدا يىمەڭلار ، پەقەت ئۇنىڭدىن باشقىسىنى تاپالمىساڭلار ، ئۇنى يۇيىۋەتكەندىن كىيىن ئۇنىڭدا يەڭلار . دىگەن .

ئاللاھ مۇھەممەدنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ۋە ھەمراھلىرىنى تەرىپلىسۇن ۋە ئامان قىلسۇن .

كتاب مجموع فتاوى ومقالات متنوعة لسماحة الشيخ العلامة عبد العزيز بن عبد الله بن باز يرحمه الله ، م/4 ، ص/435